# «قۇملۇق كېمىسى» چارۋىچىلار ئائىلىسىنى بېيىتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«مەۋقەنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا قويۇپ، بىز تۆگىچىلىك كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىپ ‹ئۈچ نۆل ئەندىزىسى›نى يولغا قويدۇق. چارۋىچىلارنى تۆگە باقمىچىلىقىدا نۆل تەننەرخ سېلىنمىسى، نۆل تىجارەت خەۋپ ـ خەتىرى، نۆل ئارىلىقتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شۇ چۈەنئەن مۇنداق دېدى: باقمىچىلىق ئائىلىلىرى تۆگە سېتىۋالغاندا، ۋاڭيۈەن گۇرۇھى قەرز پۇل كېپىللىكى ياكى ئۆسۈمسىز قەرز پۇل بىلەن تەمىنلىدى، تۆگە سۈتىنى زاكاز قىلىش تىپىدا ئىشىك ئالدىغا بېرىپ سېتىۋېلىشنى يولغا قويۇپ، زاكازنى تاماملىغان چارۋىچىلارغا يىل ئاخىرىسىدا بىرتۇتاش ئۆلچەم بويىچە مۇكاپات بەردى.

نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ مەددىتى ۋە باشلامچى كارخانىلارنىڭ تۈرتكىسىدە، مانات تۆگە باقمىچىلىقى سېپىگە قوشۇلدى.

«بىر سۈت تۆگىسىدىن بىر كۈندە ئۈچ كىلوگرام تۆگە سۈتى ئالغىلى بولىدۇ، بىر يىلدا سەككىز ئاي تۆگە سۈتى ئالغىلى بولىدۇ، بىر كىلوگرام تۆگە سۈتىنى سېتىۋېلىش باھاسى 40 يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، بىر يىلدا 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پايدا ئالغىلى بولىدۇ» دېدى مانات ئۆزىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش ھېساباتىنى قىلىپ.

1 ـ تۈركۈمدە ۋاڭيۈەن گۇرۇھىنى سۈت بىلەن تەمىنلىگۈچى چارۋىچى بولۇش سۈپىتىدە، بېقىۋاتقان تۆگە سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، مانات تۆگە باقمىچىلىقى ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى تەشەببۇس قىلىپ قۇردى، ھازىر، كوپېراتىپ ئەزالىرىدىن 16 ئائىلە، 1000 تۇياقتىن ئارتۇق تۆگە بار. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇ ئۆزى بېقىۋاتقان تۆگە 200 تۇياق بولۇپ، ھەر ئايلىق كىرىمى 300 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ.

«باشلامچى كارخانا + پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى + باقمىچىلىق بازىسى + باقمىچىلىق ئائىلىسى»دىن ئىبارەت مەنپەئەتنى چېتىش مېخانىزمى ئارقىلىق، بۇرۇلتوقاي ناھىيەسى تۆگىچىلىك كەسپ زەنجىرىنىڭ تولۇق قاپلاش شەكلىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى ئىشقا ئاشۇردى، نۆۋەتتە، بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىدە بېقىلىۋاتقان تۆگە ئون يىل ئىلگىرىكى 3000 تۇياقتىن كۆپرەكتىن، تەرەققىي قىلىپ 23 مىڭ تۇياققا يەتتى، تۆگە باقىدىغان ئائىلە تەرەققىي قىلىپ 630دىن كۆپرەك ئائىلىگە يەتتى، بۇنىڭ بىلەن يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

تۆگىدىن ئىبارەت بۇ «بېيىش كېمىسى»گە ئولتۇرۇش، مانات ۋە نۇرغۇن نامرات چارۋىچىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتتى. «بىر نەچچە يىل ئىلگىرىلا مەن يېڭى ئاپتوموبىل سېتىۋالغاندىم، يەنە بۇرۇلتوقاي ناھىيە بازىرىدا بىنا ئۆي ۋە كوچا بويىدىن دۇكان سېتىۋالدىم، بىر ئائىلە كىشىلىرى شەھەردە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمىز» دېدى مانات.

### كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش

تۆگىچىلىك كەسپىگە تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇش يولىغا قاراپ ماڭغانلار يالغۇز بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارلا ئەمەس.

2019 ـ يىلى، بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 200 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جېمنەي ناھىيەسىنىڭ شالشقاي يېزىسىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا بىر زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسپ باغچە رايونى «ۋەنتويۈەن» چۆللۈكتە قەد كۆتۈردى.

7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، جېمنەي ناھىيەسىنىڭ شالشقاي يېزىسى دالىڭخايشى كەنتىدىكى چارۋىچى مىرامبېك ئايتكە ئەر ـ خوتۇن ئادەتتىكىگە ئوخشاش ۋەنتويۈەندە تۆگىلىرىنى سېغىۋاتاتتى. «كىرىمىمىز ئاشتى، كۆڭلىرىمىز ياخشىلاندى» دېدى مىرامبېك.

2019 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، جېمنەي ناھىيەسى ۋاڭيۈەن گۇرۇھىنىڭ تۆگىچىلىك كەسپى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئەندىزىسىگە تايىنىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ۋەنتويۈەن كەسپلەر باغچىسىنى بەرپا قىلدى، مىرامبېك ئەر ـ خوتۇن ۋە ئوغلى ۋەنتويۈەننىڭ خادىمىغا ئايلاندى، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ يىللىق كىرىمى 100 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

«ۋەنتويۈەننىڭ پىلاندىكى ئىگىلىگەن يېرى 400 مىڭ مو بولۇپ، تەدرىجىي ھالدا مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ كۆلەمدىكى تۆگە باقمىچىلىق بازىسى بەرپا قىلىندۇ. بېقىلىۋاتقان تۆگە سانىنى 10 مىڭ تۇياققا يەتكۈزۈپ، ھەم باقمىچىلىق، يەم ـ خەشەك تېرىقچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراپ، ھەم ساياھەت ـ ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەڭ ئېتىبار بېرىپ، شۇ جايدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كۆپ خىل كەسپتىن كىرىمنى سىجىل مۇقىم ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ» دېدى شىنجاڭ ۋاڭيۈەن ۋەنتويۈەن چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ما يىڭجۈن تونۇشتۇرۇپ.

نۆۋەتتە، باغچىدىكى بېقىلىۋاتقان تۆگە سانى 1530 تۇياققا يەتتى، شۇ جايدىكى 1026 ئائىلىلىك دېھقان ـ چارۋىچى ئوتلاق ئىجارىگە بېرىش، باغچە رايونىدا ئىشلەمچىلىك قىلىش، پاي قوشۇپ تەقسىملەنگەن پايدىغا ئېرىشىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق كىرىمنى مۇقىم ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. تۈر تاماملانغاندىن كېيىن، شۇ جايدىكى 1000دىن ئارتۇق ئائىلىلىك دېھقان ـ چارۋىچىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق كىرىمىنىڭ 5000 يۈەندىن ئارتۇق ئېشىشىغا تۈرتكە بولىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى.

تۆگىچىلىك كەسپىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى تۆگىنىڭ سانىمۇ ئون يىلنىڭ ئالدىدىكى 5000 تۇياققا يەتمەسلىكتىن، تەرەققىي قىلىپ نۆۋەتتىكى 44 مىڭ 800 تۇياققا يېتىپ، نەچچە مىڭ ئائىلىلىك نامرات چارۋىچىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولدى. كەسپ زەنجىرىنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ، نامرات چارۋىچىلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش زەنجىرىمۇ ئۇزارماقتا.

قابا ناھىيەسىدىكى ياجۇ چۈاڭفۇ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى شۇ جاينىڭ ئەلا سۈپەتلىك تۆگە تۈۋتى بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، دۆلەت ئىچىدىكى نوپۇزلۇق، چەت ئەللەردە نامى چىققان كەسپىي تۆگە تۈۋتى مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش سودىگىرىگە ئايلاندى. شىركەتنىڭ باش مۇدىرى لى يۈمېينىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، نۆۋەتتە، شىركەت شۇ جايدىن 119 خادىمنى قوبۇل قىلغان. شىركەت مەنپەئەتنى تۇتاشتۇرۇش مېخانىزمى ئارقىلىق، شۇ جايدىكى ھەم ئەتراپتىكى 5700دىن ئارتۇق ئائىلىلىك باقمىچىلىق ئائىلىسى بىلەن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، تۆگە تۈۋتى بايلىقىنى ئىنچىكە پىششىقلاش ئارقىلىق قىممىتىنى ئاشۇرۇپ، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولغان.

### تۆگە ھەيدەپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش

«ئىلگىرى تۆگە باققانلار ئاساسىي جەھەتتىن نامرات ئائىلىلەر ئىدى، ھازىر تۆگە باققانلار ئاساسىي جەھەتتىن باي ئائىلىلەر.» 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى شۇ چۈەنئەن مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: ھازىر تۆگە بېقىش «بايلىق ئىلاھى»نى بېقىش ھېسابلىنىدۇ، ئازراق كۆلەمگە ئىگە باقمىچىلىق ئائىلىلىرىنىڭ ھەممىسى باي ئائىلىگە ئايلاندى.

ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى يېزا خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ئالتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جۇڭ كەيجىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان، ئالتاي ۋىلايىتى ۋە ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى تۆگىچىلىك كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويغان، ۋىلايەت يەنە تۆگىچىلىك كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ «14 ـ بەش يىل»نىڭ ئاخىرىغىچە بېقىلىدىغان تۆگە سانىنى 100 مىڭ تۇياققا يەتكۈزۈشكە تىرىشىدىكەن.

«كەسپلەرنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا، چارۋىچىلارنىڭ بازار ئېڭى، ئالغا ئىنتىلىش روھىمۇ تەدرىجىي كۈچىيىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇلىدا ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش بولدى» دېدى شۇ چۈەنئەن.

ئۈچ يىل ئىلگىرى، بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىنىڭ قاراماغاي بازىرى تاڭبالى كەنتىدىكى چارۋىچى ئۆرلەۋ بىر ئائىلىلىك يەنىلا ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ ئائىلىسى 30 نەچچە تۇياق تۆگە باقتى، يىللىق كىرىمى 300 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئېشىپ، تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى. بۇلتۇر ۋاڭيۈەن گۇرۇھى ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 15 باقمىچىنى بېيجىڭ، شياڭگاڭ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىش، تەكشۈرۈشكە تەشكىللىدى.

«بىزنىڭ تۆگە سۈتى مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ چوڭ شەھەرلەردىكى چوڭ تىپتىكى تاللا بازارلىرىنىڭ مال جازىسىغا تىزىلغانلىقىنى كۆرۈپ، مەن كۆڭلۈمدە ئىنتايىن پەخىرلەندىم» دېدى ئۆرلەۋ.

تۆگىگە مىنىپ ئوتلاق كۆچۈشتىن، تۆگە ھەيدەپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشكىچە، چارۋىچىلار پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىگە چىن كۆڭلىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ئۆرلەۋ مۇنداق دېدى: بۇلتۇر ئىچكىرى رايونلاردا ئېكسكۇرسىيە قىلىش، تەكشۈرۈشتە بولغاندا، دەل بىر سەپەرداش چارۋىچىنىڭ خوتۇنىنىڭ تۇغۇتىغا توغرا كەپ قالدى، بۇ چارۋىچى ئەمدىلا تۇغۇلغان بالىغا «بېيجىڭبېك» دەپ ئىسىم قويدى، بۇنىڭ مەنىسى بۈگۈنكى ياخشى كۈنلەرنى پارتىيەنىڭ خەلقنى بېيىتىش سىياسىتى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئەستە چىڭ ساقلاش!

(بېشى 1 ـ بەتتە)

3 مىليارد يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىپ، تاجىكىستاندا مۇددەتتىكە بۆلۈپ 200 مىڭ مو كېۋەز تېرىقچىلىقى، 150 مىڭ ئۇرچۇقلۇق پاختا يىپ ئېگىرىش، 150 مىليون مېتىر رەخت توقۇش تۈرىنى قۇردى. تاجىكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، 2014 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۈردە رەسمىي ئىش باشلاپ، يېرىم يىل ۋاقىتتىلا، 1 ـ قارارلىق ئىككى پاختا زاۋۇتىنى شۇ يىلى قۇرۇش، شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش، شۇ يىلى ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. 2016 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، 60 مىڭ ئۇرچۇقلۇق يىپ ئېگىرىش تۈردە بىر قېتىمدىلا ماشىنىلارنى قوزغىتىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى ھەم ئەلا سۈپەتلىك يىپ ئىشلەپچىقاردى. ھازىرغا قەدەر، 1 ـ، 2 ـ قارارلىق تۈرلەردە 150 مىڭ مو كېۋەز تېرىقچىلىق بازىسى، ئىككى پاختا زاۋۇتى، 60 مىڭ ئۇرچۇقلۇق ئىنچىكە تاراپ زىچ يىپ ئېگىرىش، 90 مىڭ ئۇرچۇقلۇق ھاۋا ئېقىمى ئارقىلىق يىپ ئېگىرىش ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى بەرپا قىلىنىپ، مەھسۇلاتلىرى تۈركىيە، رۇسىيە، ئىتالىيە، پولشا قاتارلىق دۆلەتلەرگە سېتىلدى.

2019 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، جۇڭتەي يېڭى يىپەك يولى تاجىكىستان يېزا ئىگىلىك توقۇمىچىلىق كەسپلەر باغچىسىنىڭ 3 ـ، 4 ـ قارارلىق رەخت توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق ۋە تەييار كىيىم ـ كېچەك تۈردە ئىش باشلاندى، مۆلچەرلىنىشچە، 2021 ـ يىلى 9 ـ ئايدا پۈتۈن باغچە رايونى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلىدىكەن. تۈر پۈتكەندىن كېيىن، بۇ باغچە رايونى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدار كۆلىمى ئەڭ چوڭ، كەسپ زەنجىرى ئەڭ مۇكەممەل توقۇمىچىلىق كەسپلەر باغچىسىغا ئايلىنىپ، 3000 كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ھەل قىلغىلى بولىدىكەن.

جۇڭتەي (دانگارا) يېڭى يىپەك يولى توقۇمىچىلىق كەسپى چەكلىك شىركىتى، جۇڭتەي (خاتلون) يېڭى يىپەك يولى يېزا ئىگىلىك كەسپى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى چېن ۋاڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: 3 ـ، 4 ـ قارارلىق تۈر پۈتكەندىن كېيىن، تاجىكىستاننىڭ خاتلون ئوبلاستى، سۇغىت ئوبلاستى قاتارلىق جايلارنىڭ كېۋەز تېرىقچىلىق كەسپى ۋە توقۇمىچىلىق كەسپىنى زىچ تۇتاشتۇرۇپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە يىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، تاجىكىستان يىپلىرىنى خەلقئارا يۇقىرى دەرىجىلىك يىپ بازىرى قاتارىغا كىرگۈزىدۇ. بۇ تۈر يەنە خام ماتېرىيال پاختىنى پىششىقلاپ ئايلاندۇرۇش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، تاجىكىستاننىڭ كېۋەز تېرىقچىلىقىدىن يىپ ئېگىرىش، رەخت توقۇش، بوياش، كىيىم تىكىشكىچە بولغان بىر گەۋدىلەشتۈرۈش جەريانىدىكى تارىخىي بوشلۇققا خاتىمە بېرىدۇ.

«بىز ‹بىر بەلباغ، بىر يول›نى ئورتاق قۇرۇش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىككى بازار، ئىككى خىل بايلىقتىن تولۇق پايدىلىنىپ، تۈر قۇرۇلۇشىنى قەدەممۇقەدەم پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭتەي يېڭى يىپەك يولى تاجىكىستان يېزا ئىگىلىك توقۇمىچىلىق كەسپلەر باغچىسى تۈرىنى جۇڭگو ـ تاجىكىستان دوستلۇقى ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە كارخانىلارنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشىمىز» دېدى جۇڭتەي گۇرۇھى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر ۋاڭ خۇڭشىن.

# خۇڭگۇاڭ كەنتىدە ئادەملەر ئىناق، مەنزىرە گۈزەل

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان خۇڭگۇاڭ كەنتى ئىلگىرى ئادەم ئاياغ باسمايدىغان چۆللۈك ئىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق قاتارلىق مىللەتتىن بولغان ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللار، ئوخشاش بولمىغان جايلاردىن بۇ يەرگە كېلىپ، يۇرت ـ ماكانىنى ئورتاق قۇردى.

خۇڭگۇاڭ كەنتىنىڭ تەرەققىياتىنى تىلغا ئالغاندا ئابلىز مەمەت بوۋاي ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى ھەر مىللەتتىن بولغان ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللار بىر قازاندا تاماق يەيتتۇق، بىر گەمىدە ئۇخلايتتۇق. ھازىر كۈنلىرىمىز ياخشى بولۇپ كەتتى، كۆپچىلىك يەنىلا ئۆزئارا ياردەم بېرىدۇ، بۇ ئەنئەنە ئىزچىل ئۆزگەرمىدى».

تۇنسا ئەبەي كەنت ئاھالىسى جاۋ ۋېنمىڭ ئائىلىسىنىڭ بۇغداي سامىنى، كۆممىقوناق شېخىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، ئازراق سېتىۋېلىپ قويىغا يەم قىلىپ بەرمەكچى بولدى، جاۋ ۋېنمىڭ مۇنداق دېدى: «سىزگە لازىم بولسا مەن بېرەي.» تۇنسا ئېلىشتىن خىجىل بولدى، ئويلىمىغان يەردىن جاۋ ۋېنمىڭ بۇغداي سامىنى ۋە كۆممىقوناق شېخىنى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەردى.

«ئۇنىڭ ئۆيىدە كېسەل ئادەم بار، پۇل خەجلەيدىغان يېرى كۆپ، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن» دېدى جاۋ ۋېنمىڭ.

«خۇڭگۇاڭ كەنتىدە، مەيلى قايسى مىللەت بولسۇن، سەممىي بولسىلا، چىن قەلبكە ئېرىشەلەيدۇ؛ دوستانە بولسىلا، ئىناق ئۆتەلەيدۇ» دېدى خۇڭگۇاڭ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى نەن گۇاڭلۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، كەسپلەر گۈللەنگەن، ئائىلىلەر باياشات، ئادەملەر ئىناق، كەنت گۈزەل بولۇش خۇڭگۇاڭ كەنتىنىڭ جانلىق كارتىنىسى بولۇپ قالدى. 2019 ـ يىلى كەنت كوللېكتىپىنىڭ كىرىمى 450 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 12 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى؛ پۈتۈن كەنتتىكى 144 ئائىلە بىنا ئۆيگە كۆچۈپ كىردى، 236 ئائىلە ئەمىن ئۆيگە كۆچۈپ كىردى...

### ئىتتىپاقلىق ئەھدىنامىسى قەلبلەرگە چوڭقۇر ئويۇلدى

خۇڭگۇاڭ كەنتىنىڭ كەنت تارىخى كۆرگەزمىخانىسىدا، «خۇڭگۇاڭ كەنتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەھدىنامىسى» پۈتۈن بىر تامنى ئىگىلىگەنىدى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەھدىنامىسى 2013 ـ يىلى كەنت ئاھالە كومىتېتى تەشكىللىگەن بىر قېتىملىق سۆھبەت يىغىنىدا مەيدانغا كەلگەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تىلغا ئېلىنغاندا، كۆپچىلىك تەستە قولغا كەلگەن دېيىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەھدىنامىسى تۈزۈشكە بىردەك قوشۇلۇپ، كىشىلەر كۆپ يىللاردىن بۇيان ئاڭلىق بويسۇنۇپ كەلگەن «قائىدە»لەرنى يېزىپ چىقىپ تامغا چاپلىدى: چوڭ بايراملاردا ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىش قىلىش، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىدا ئۆزئارا قاتنىشىش، ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، جېدەل، قىيىن، مۈشكۈل، جاپالىق ئەھۋاللاردا ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئىلغار مەدەنىيەت، تېخنىكىلارنى ئۆزئارا ئۆگىنىش...

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەھدىنامىسىنى يېزىپ چىققاندىن كېيىن، كەنت ئاھالىلىرى يىغىندا بىردەك ماقۇللاندى، بارلىق كەنت ئاھالىلىرى بەس ـ بەستە ئەھدىنامىگە ئىمزا قويدى.

ئۆتكەن يىلى 3 ـ ئاينىڭ بېشىدا، كامىل ئەمىن ئۆي سالغانلىقتىن، يېنىدا كۆپ پۇل قالمىغانىدى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلىناي دەپ قالدى، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىشقا پۇلى يوقلۇقىدىن ئۇنىڭ بېشى قاتتى. خۇڭگۇاڭ كەنتى بازىرىدا يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى دۇكىنى ئاچقان فەن جيۇڭبېڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، كامىلنىڭ ئۆيىگە كېلىپ مۇنداق دېدى: «خىمىيەۋى ئوغۇت، ئۇرۇقلۇق، سولياۋ يوپۇقنى خالىغانچە ئېلىڭ، پۇلنى يىل ئاخىرىدا بەرسىڭىز بولىدۇ.» كامىل ئىنتايىن تەسىرلىنىپ، خۇشاللىقىدىن فەن جيۇڭبېڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كەتتى.

بۇنىڭغا ئوخشاش كۆرۈنۈشلەر خۇڭگۇاڭ كەنتىدە دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. كەنت ئاھالىلىرى بىر ـ بىرىنى ئاللىقاچان ئۆز ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىلىسى دەپ بىلىدىغان بولۇپ كەتتى.

«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا، مەن چوڭ ئىشلارنى قىلالمىساممۇ، ئىشنى كىچىك ئىشلاردىن باشلايمەن.» كەنت ئاھالىسى ۋاڭ جىنگو كۆپچىلىكنىڭ يۈرەك سۆزىنى قىلدى. سەممىي مۇئامىلە قىلىپ، ئىناق ئۆتۈپ، ئۆزى قىلالايدىغان ئىتتىپاقلىققا ئائىت كىچىك ئىشلارنى ياخشى قىلىش خۇڭگۇاڭ كەنتىدە ئەۋج ئېلىپ ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندى.

### ياخشى ئىش ئىتتىپاقلىق كۈچىنى مۇجەسسەملىدى

ھەر يىلى، «خۇڭگۇاڭلىق ياخشى ئادەم» 81 ياشلىق كەنت ئاھالىسى مەمەت يىلەك پۈتۈن كەنتتىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋەكىللىرىنى مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىلىدۇ، بۇ ئىشنى ئۇ 30 نەچچە يىل داۋاملاشتۇردى.

ئەينى ۋاقىتتىكى قارارنى تىلغا ئېلىپ مەمەت بوۋاي مۇنداق دېدى: «ئاپتونوم رايون ھەر يىلى 5 ـ ئاينى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى ئېيى قىلىپ بېكىتىشنى قارار قىلغاندىن باشلاپ، مەن بىر ئىش قىلىشنى ئويلىدىم: ھەر يىلى 5 ـ ئايدا كەنتتىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەنلەرنى مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىلىپ كەلدىم».

ياخشى ئادەم ئەخلاق ـ پەزىلەتكە يېتەكلەيدۇ، ياخشى ئىش ئىتتىپاقلىق كۈچىنى مۇجەسسەملەيدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيان، خۇڭگۇاڭ كەنتى سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈشتە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، «پۇقرا نەمۇنىچى»لارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن روھنى تاۋلاپ، ئاساس سېلىپ، ياخشى كەيپىيات ياراتتى.

شەندۇڭدىكى كارخانىچى كەنتكە كېلىپ چىلان پىششىقلاش زاۋۇتى، ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى چىلان تىكىشكە يېتەكلەپ، 6000 مولۇق كۆلەمنى شەكىللەندۈرۈپ، مو بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى 1000 يۈەندىن ئاشۇردى؛ سىچۈەنلىك بېيىش ماھىرى كەنتكە كېلىپ باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، 20 نەچچە ئائىلىلىك نامرات ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا يېتەكلىدى؛ خۇنەنلىك ئەر ـ خوتۇن يازغۇچى چېن فېيپەي، زېڭ لىجۈەن كەنتكە كېلىپ ئىككى ئايدىن كۆپرەك زىيارەت قىلىپ، «سەرگۈزەشتەم، مېنىڭ شىنجاڭدىكى ئائىلەم» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتنى يازدى، يەنە ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ «خۇڭگۇاڭلىق ياخشى ئادەم»نى بېيجىڭ، شاۋشەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ساياھەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدى...

ئەخلاق دەرسخانىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈش، ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنى تەشۋىق قىلىش... خۇڭگۇاڭ كەنتىدە، «ياخشى ئادەم مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇش، ياخشى ئادەم روھىغا ۋارىسلىق قىلىش» ئىدىيەسى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. «ياخشى ئادەم بولۇش ئەھۋالى» باشلانغان چاغدىكى توپ ـ توپ «تەشتەك مەنزىرىسى»گە ئوخشاش كىچىك ئىشلاردىن تەرەققىي قىلىپ كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان بىر قاتار «مەنزىرە»لەرگە ئايلىنىپ، قۇدرەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈچىنى سىجىل قويۇپ بەردى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مۇھىم يولىيورۇقىنىڭ روھى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، دىققەت ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئاپتونوم رايوننىڭ قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇشقا پۇختا ئاساس سېلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئىقتىدارى تېخىمۇ ئەلالاشقان، مۇكەممەل بولغان قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمى ئومۇميۈزلۈك ئورنىتىش پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەشتە مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، مۇناسىۋەتلىك چوڭ سانلىق مەلۇمات سۇپىسىنىڭ كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ئىقتىدارىنى ئەلالاشتۇرۇش ۋە قوللىنىش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، قەرەلىدە تاماملاپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشى، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «ئەمەلىي ۋاقىتتا كۆزىتىپ ئۆلچەش، ۋاقتىدا ئالدىن سىگنال بېرىش، نامراتلىشىپ كەتمەستىلا ئالدىنى ئېلىش»تا چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى مۇقىم بولمىغان ئائىلىلەر ۋە نامراتلىق گىرۋىكىدىكى ئاسانلا نامراتلىشىپ كېتىدىغان ئائىلىلەرنى گەۋدىلەندۈرۈپ، سېرىق، قىزغۇچ سېرىق، قىزىلدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىگە ئايرىپ ۋاقتىدا ئالدىن سىگنال بېرىپ، ۋاقتىدا ياردەم بېرىپ ـ يۆلەپ، سۇ كەلگۈچە توغان سېلىش كېرەك. زىيارەت قىلىپ ئېنىقلاش، سانلىق مەلۇمات ئالماشتۇرۇش، ھەيدەكچىلىك قىلىش ـ ئۈنۈمنى سۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئوبيېكت، تەرتىپ، سانلىق مەلۇمات، سۇپا، ساھەنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى جانلاندۇرۇپ، ئىشلىتىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى، دەللىكى، ئۈنۈملۈكلۈكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش يولىدا بىرىنىمۇ سەپتىن چۈشۈرۈپ قويماسلىققا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايون باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، ۋىلايەت، ناھىيەلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش، يېزا ـ كەنتلەر جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش خىزمەت مېخانىزمىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسى باشلامچى بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ماسلىشىپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، كەسپ جەھەتتىن تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، تەشۋىق قىلىش، يېتەكلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۈردە كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى ياخشى قۇرۇش، ياخشى قوغداش، ياخشى قوللىنىش كېرەك.

يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمى قۇرۇلۇشى ئەھۋالى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ھەم ئاپتونوم رايون، ناھىيە، كەنت ئۈچ دەرىجىلىككە ئايرىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىشنى كۆردى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى، داۋالىنىش كاپالىتى ئىدارىسى قاتارلىقلار ھەم خوتەن شەھىرى، ئاتۇش شەھىرىنىڭ ۋەكىللىرى پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن جاڭ چۈنلىن، جاڭ بو، ۋەن خەيچۈەن يىغىنغا قاتناشتى.